# چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىنچىكە ئۆزلەشتۈرۈپ، سەممىي يولغا قويۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىش - تەربىيەنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى ئومۇميۈزلۈك ئۆگىنىش بىلەن نۇقتىلىق ئۆگىنىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، «نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى مەركەزلىك ئۆگىنىش+شەخسلەر ئۆز ئالدىغا ئۆگىنىش» قاتارلىق شەكىللەردە چىڭ تۇرۇپ، بىر ھەپتىلىك مەركەزلىك ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىشنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، «شى جىنپىڭنىڭ ‹ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن ئۈزۈندە» «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى نىزامنامىسى» «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش تېزىسى» قاتارلىقلارنى ئەينەن، تولۇق ئوقۇپ، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى، روھىي ماھىيىتى، مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى، ئەمەلىيەت تەلىپىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى تولۇق، توغرا ئۆزلەشتۈرۈشى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى تولۇق، توغرا ئۆزلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈشكە، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى يىغىن زالىدا، ئورگاندىكى مۇئاۋىن باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار دىققەتنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش تەسىراتىنى بەھۇزۇر سۆزلىدى. باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى ئۆگىنىش پىلانىنى ئىنچىكە تۈزۈپ، زۆرۈر ئوقۇشلۇق مۇندەرىجىسىنى بىر - بىرلەپ تۈزۈپ، مەركەزلىك ئۆگىنىش، مەخسۇس تېملىق مۇھاكىمە قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، رەھبەرلەر باشلامچى بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى پۇختا ئۆگىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسى قاتارلىقلارنى ئۆگەندى. ھەرقايسى پارتىيە ياچېيكىلىرى «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس»، باش تېملىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتى قاتارلىقلارنى ۋاستە قىلىپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىشى، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگىنىشى، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولۇپ، چوڭقۇر ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەتراپلىق ئىگىلەپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، سەمىمىيلىك بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى، ئاساسىي لىنىيە قىلدى، بەنگۇڭتىڭدىكى ھاكىم، باشقارما باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ۋاقىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلدى. كۆپچىلىك كۆڭۈل قويۇپ، زۆرۈر ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلارنى تولۇق ئوقۇپ، ئەينەن، ھەقىقىي ئۆگىنىپ، ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلنى ئىزدىنىپ ئىگىلەپ ھەم قەتئىي، كەسكىن ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، مەخسۇس تېمىدا مۇھاكىمە قىلىپ، ئېتىقادنى چىڭىتىشنى ۋە بۇرچنى زىممىگە ئېلىشنى ئۆگىنىپ چىقتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بۆلۈم ئورگىنى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى ئىشخانىسىدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى يىغىپ، 14 گۇرۇپپىغا بۆلۈپ، يەتتە كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، زۆرۈر ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلارنى تولۇق ئوقۇدى، تەتقىق قىلىپ ئوقۇدى. گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش داۋامىدا، كۆپچىلىك چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىنچىكە تەتقىق قىلىش بىلەن بىللە، خىزمەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، مەسىلىنى تۇتۇپ ئۆگەندى، نۆۋەت بىلەن باشلامچىلىق قىلىپ ئۆگىنىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئۆگىنىش تەشەببۇسكارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆگىنىشتە تەپەككۇر قىلىش، ئۆگىنىشتە ئۆزلەشتۈرۈش، ئۆگىنىشتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

### كۆڭۈل قويۇپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىنچىكە تەتقىق قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلىش

كۆڭۈل قويدى، ئەستايىدىل بولدى، ئەستايىدىل ئۆگەندى. ئۆگىنىش - تەربىيە داۋامىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، زۆرۈر ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلارنى ئەستايىدىل، تولۇق ئوقۇپ، نۇقتىلىق ماقالىلەرنى تەكرار تەتقىق قىلىپ ئوقۇدى، يەنە «ئۆگىنىش كۈچلۈك دۆلتى» ئۆگىنىش سۇپىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، ئۆگىنىش تەسىراتى يېزىپ، ئۆگىنىشتە ھېس قىلغانلىرىنى سۆزلەپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىنچىكە تەتقىق قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلدى.

بۇ مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، ئورگان پارتكوم گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى غەيرەت ئابدۇرېھىم ھەر كۈنى ئىككى سائەت ۋاقىت چىقىرىپ، زۆرۈر ئوقۇشقا تېگىشلىك كىتابلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ئوقۇدى. «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، مەزمۇنى مول، ھەقىقىي چۈشىنىپ ئۆگىنىش، ئۆگىنىپ تېگىگە يېتىش، ئۆگىنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن جەزمەن كۆڭۈلنى توختىتىپ تەتقىق قىلىپ ئوقۇش، ئەستايىدىل تەپەككۇر قىلىش كېرەك.» ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن داۋاملىق چوڭقۇر ئۆگىنىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشاننى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باشتىن - ئاخىرغا سىڭدۈرۈپ، ئۆگىنىشتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا، ئۇنى كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمەن».

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنى مەركەزلىك ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىش بىلەن شەخسلەر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش پىلانىنى تۈزۈپ، ئۆگىنىش ۋاقتى، كونكرېت مۇندەرىجىنى ئايدىڭلاشتۇردى، رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى پىلان بويىچە، ھەر كۈنى ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئىنچىكە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە سىڭلىشتۇرۇپ، سەممىي يولغا قويۇپ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىش - تەربىيەنى چوڭقۇرلاشتۇردى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، «شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش تېزىسى»نىڭ 1 - بابىنى نۇقتىلىق ئۆزلۈكىدىن ئۆگەندى؛ 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، «شى جىنپىڭنىڭ ‹ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن ئۈزۈندە»نىڭ 125 - بېتىدىن 159 - بېتىگىچە نۇقتىلىق ئۆزلۈكىدىن ئۆگەندى...ئۆگىنىش - تەربىيەنى تېخىمۇ قاراتمىلىققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بارلىق خادىملارنىڭ دائىملىق ئۆگىنىشنى ياخشى تۇتۇپ، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈردى، پارتىيە ياچېيكىسى ھەر ئايدا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش تىزىملىكىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر ھەپتىدە بىرىم كۈن پارتىيە ئەزالىرىنى تەسىراتىنى ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللەپ، ئۆگىنىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى كامانددىروپكىغا چىقىش، نۆۋەتچىلىك قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دەرستىن قالغان باشقارما باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 14 كادىرغا قارىتا ئىككى قېتىم مەركەزلىك تولۇقلاپ ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۆگىنىشكە قاتنىشىشقا تېگىشلىك خادىملارنىڭ بىرىمۇ كەم قالماسلىق، ئۆگىنىش ۋاقتى ئازراقمۇ ئاز بولۇپ قالماسلىق، ئۆگىنىش مەزمۇنىدىن بىرىمۇ كەم بولماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، مەخسۇس تېمىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشنى قەرەللىك تەشكىللىدى، رەھبەرلەر باشلامچىلىق بىلەن تەسىراتىنى سۆزلىدى ھەم ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش تەسىراتىغا بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىغا مەخسۇس تېمىدا يېتەكچىلىك قىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەش مەقسىتىگە يەتتى.

### ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ يۈنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئىلگىرىلەش ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى مۇجەسسەملەش

بۇ بىر مەزگىللىك پۇختا ئۆگىنىش ئارقىلىق، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار بەس - بەستە ھاياجانلاندى: ھاسىلاتىمىز ناھايىتى زور، تەسراتىمىز ناھايىتى چوڭقۇر.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار ھەر كۈنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى تەتقىق قىلىش - ئۆگىنىش ئادىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېتىلدۈرۈپ، ئۆگىنىشنى بەنگۇڭتىڭ كادىرلىرىنىڭ بىر خىل سىياسىي ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىغا تېخىمۇ ئايلاندۇردى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىگە بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇردى، غايە - ئېتىقادىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چىڭىتتى، تىرىشىش يۆنىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇردى؛ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئورگىنىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار «سىياسىي كېڭەشتىكىلەر»نىڭ مەسئۇلىيىتىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، ئەسلى مەقسەت، بۇرچتىن كۈچ ئېلىپ، پۇختا خىزمەت قىلىپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كۈچ قوشىدىغانلىقىنى بەس - بەستە بىلدۈردى.

ئۆگەنگەندىن كېيىنلا يېتەرسىزلىكنى بىلگىلى بولىدۇ. نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتەك ئېسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىشنى ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى، مۇقىملىقىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىدا دۇچ كەلگەن تەخىرسىز مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شەخسنىڭ ئىدىيە ئەمەلىيىتى ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇشتا، بىلىش، ئىشىنىش، ئىشلىتىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى پارتىيەۋىلىكنى كۈچەيتىش، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش، ئىستىلنى ياخشىلاش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا نامايان قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى دەرسخانىغا كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇشنى چۆرىدەپ، مەركەزلىك ئۆگەنگەندىن كېيىن، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تۆت كۈن داۋاملاشقان شىنجاڭ بويىچە پارتىيە مەكتەپلىرى سىستېمىسىنىڭ «ئىلىم - پەن ئارقىلىق سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش» سەرخىل دەرسنى باھالاش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزدى، پائالىيەت داۋامىدا چوڭقۇر ئۆگىنىپ، مۇھاكىمە قىلىپ، پەرقلەرنى تېپىپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئوقۇتۇش سەۋىيەسى ۋە ئىلىم - پەن ئارقىلىق سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى مەركەزلىك ئۆگىنىش ئاساسىدا، «شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنى تۈزەش» باش تېما قىلىنغان تەپتىش سىستېمىسى كۆزىتىش خىزمىتىنى ماس قەدەمدە قانات يايدۇرۇپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىپ، مەسىلىلەرنى دەل جايىدا قەتئىي تۈزەتتى.

ئەسلى مەقسەتتە ئۇيۇل تاشتەك چىڭ تۇرۇش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش. باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار جەزمەن ئىدىيەدە يەنىمۇ تاۋلىنىش، ئەسلى مەقسەتتە يەنىمۇ ئويغىنىش، بۇرچتا يەنىمۇ يۈكسىلىش، ساداقەتتە يەنىمۇ تاۋلىنىش داۋامىدا، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەيدۇ.

# چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆگىنىش - تەربىيەنى كۈندىلىك تۇرمۇشقا سىڭدۈرۈپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىلىش، ئىشىنىش، ئىشلىتىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك.

چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن ئەينەن، ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىش كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى سىستېمىسى مۇكەممەل، لوگىكىسى پۇختا، ئۆزئارا تۇتاشقان ئىلمىي نەزەرىيە سىستېمىسى بولۇپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشكە ۋاقىت، زېھىننى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەسلى ئەسەرنى ئوقۇپ، ئەتراپلىق ئىگىلەپ، قانۇنىيىتىنى چۈشىنىپ، بىر پۈتۈنلۈكى، سىستېمىلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنىڭدىكى ئىچكى لوگىكىنى، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي ئۇسۇلنى ھەقىقىي ئىگىلەش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ روھىي ماھىيىتى ۋە يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، تەپسىلىي ئويلىنىپ، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگىنىش كېرەك. كىتابنى يۈز قېتىملاپ ئوقۇغاندىلا ئۇنىڭ مەزمۇنى ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ. ئۆگىنىش - تەربىيە داۋامىدا نۇقتىلىق ماقالىلەرنى بىر - بىرلەپ ئۆگىنىش، تەكرار تەتقىق قىلىپ ئوقۇش، جاپاغا چىداپ كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. «يۇمشاق چايناپ ئاستا يۇتۇش»، چاينىمايلا پۈتۈن يۇتماسلىق كېرەك، مەسىلىنى تۇتۇپ كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈش، كۆپ ئويلىنىش، ئۆگىنىپ قويۇپلا پىكىر يۈرگۈزمەيدىغان ئىشنى قىلماسلىق كېرەك. پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئۆگىنىشكە سىڭدۈرگەندىلا، ئاندىن بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۆگىنىشتىن نەتىجە ھاسىل قىلغىلى، بۇنىڭدىن ئەقىل ۋە كۈچ قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ.

چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، جەزمەن بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتكە باغلاپ ئۆگىنىش كېرەك. نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتىن ئىبارەت ئېسىل ئۆگىنىش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۆگىنىش، مۇھاكىمە قىلىشنى ئۆز تارمىقى، ئۆز ئورنىنىڭ ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى، مۇقىملىقىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شەخسلەرنىڭ ئىدىيەۋى ئەمەلىيىتى ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۆگىنىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى ئىشلىرىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولىدىغان جانلىق ئەمەلىيەتكە ھەقىقىي ئايلاندۇرۇش كېرەك.



## بىر ئۆمۈر ھەربىي بولغان فېڭ جېنپىڭ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىجياجۇاڭ، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى جۈبى)** پايتەخت بېيجىڭدىن غەربكە قاراپ 218 كىلومېتىر ماڭغاندا، ملىك يىللىق قەدىمىي ناھىيە — خېبېي ئۆلكىسىنىڭ يۈشيەن ناھىيەسى بار. ملىك يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، بۇ يەردە تالانتلىقلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن. ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ھەربىي بولۇپ چاۋشيەن جەڭ مەيدانىدا بەختكە قارشى قۇربان بولغان فېڭ جېنپىڭ دەل كىشىلەر تەرىپىدىن ھازىرغىچە خاتىرىلىنىپ، مەدھىيىلىنىپ كەلگەن قەھرىمانلارنىڭ بىرى.

فېڭ جېنپىڭ 1913 - يىلى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ يۈشيەن ناھىيەسىدە تۇغۇلغان، 1932 - يىلى شۇەنخۇا ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن، ئوقۇش مەزگىلىدە ماركسىزمنى قوبۇل قىلىپ، ئىنقىلابقا ئاتلانغان.

1935 - يىلى 7 - ئايدا، فېڭ جېنپىڭ تەرەققىيپەرۋەر ساۋاقداشلىرى بىلەن مەخپىي ھالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىتتىپاقداش قوشۇن تەشكىللىگەن، ئوقۇغۇچىلارنى بېيپىڭغا ماسلىشىپ، بېيپىڭ «9 - دېكابىر» ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە مەدەت بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغان، كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن.

1936 - يىلى 9 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، فېڭ جېنپىڭ شىئەندىكى جاڭ شۆلياڭ قىسمىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئەترىتىگە بېرىپ ئوقۇغان. شىئەن ۋەقەسىدىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار ئەترىتى تەشۋىقات ئەترىتىگە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن، فېڭ جېنپىڭ تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى بولغان. كېيىن شەرقىي شىمال ئارمىيەسىدە پارتىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1937 - يىلى 3 - ئايدا، شەرقىي شىمال ئارمىيەسى شەرققە يۆتكەلگەندە، ئۇ ئەۋەتىلگەن ئەترەتكە كىرىپ، قوشۇنغا ئەگىشىپ بېخېبۇدىكى خۇەيۈەن ناھىيەسىگە بېرىپ تەربىيەلەنگەن، كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتى بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان.

1937 - يىلىنىڭ ئاخىرى، قىسىم بېخېبۇ چاڭشەنگە كەلگەندە، تەشكىلىي مۇناسىۋىتىنى ئىزدەش ئۈچۈن، فېڭ جېنپىڭ پويىزغا ئېسىلىپ چىقىپ شەرقىي شىمال ئارمىيەسىنىڭ گومىنداڭ قىسمىدىن قېچىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خۇ زۇڭنەن 17 - جۈنتۇەنىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئەترىتىگە، شەنشى لىنچۈەن كادىرلار مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن. بىر مەھەل تەشكىلنى ئىزدەپ تاپالمىغان فېڭ جېنپىڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا سىياسىي - ئىدىيەۋى خىزمەتنى قانات يايدۇرۇپ، قىسمنى قانداق قۇرۇش، مۇستەھكەملەشنى چۈشەندۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈچلۈك قوللىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن. 1938 - يىلى فېڭ جېنپىڭ يەنئەن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەربىي، سىياسىي داشۆسىنىڭ بىرىنچى چوڭ ئەترىتىگە ئوقۇشقا بېرىپ، ۋاياۋباۋدا يەنە بىر قېتىم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ پارتىيە تەشكىلاتىغا كىرگەن.

1939 - يىلى 1 - ئايدا، 8 - ئارمىيەنىڭ خېبېي - رېخې - چاخار ئىلگىرىلىگۈچى ئارمىيەسى رەسمىي قۇرۇلغان. 1940 - يىلى فېڭ جېنپىڭ پىڭشى ئىلگىرىلىگۈچى ئارمىيەسى 9 - تۇەندە دۈشمەن خىزمىتى بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى بولغان. 1943 - يىلى، پىڭشى شۆبە ھەربىي رايونغا يۆتكىلىپ يۇجوشۇەن خىزمەت كومىتېتى دۈشمەن خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1944 - يىلى يۇجوشۇەن بىرلەشمە ناھىيە قۇرۇلغاندا، بىرلەشمە ناھىيەلىك دۈشمەن خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. فېڭ جېنپىڭ جەڭ قىلىشتا پاراسەتلىك، قەيسەر بولۇپ، بىرلىك سەپ دۈشمەن خىزمىتىنى ئىشلەشكە ماھىر ئىدى، دائىم دۈشمەننىڭ ئىچكى قىسمىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ باندىتلارنى پارچىلاش، لىيەنجۇاڭ، ۋېيدا يېزىسىدىكى خادىملارغا ئائىت خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، يۈشيەن ناھىيەسىنىڭ شەرقىي شىمال تېغى، غەربىي شىمال تېغىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزانلار رايونى تاياندى بازىسىنى ئېچىش كۈرىشىدە قوشۇننىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. 1944 - يىلى 12 - ئايدا، خېبېي - چاخار رايونى 13 - ۋىلايەتلىك پارتكومغا يۆتكىلىپ، دۈشمەن خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان.

ئازادلىق ئۇرۇشى داۋامىدا، چاخار ئۆلكىلىك ھەربىي رايون سىياسىي بۆسى ئالاقىلىشىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغان، كېيىن 68 - جۈن سىياسىي بۆسى دۈشمەن خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغان.

1951 - يىلى فېڭ جېنپىڭ چاۋشيەنگە بېرىپ ئۇرۇش قىلىپ، 20 - بىڭتۇەن مۇھاپىزەت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى بولغان. 1952 - يىلى 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، فېڭ جېنپىڭ بەختكە قارشى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ 39 ياشتا ئىدى.

قەھرىمان ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ھەربىي بولۇشتەك قەھرىمانلىق روھى ئۇ تۇغۇلغان، ئۇ ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇنبەت تۇپراقتا داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىنماقتا ۋە ئەۋج ئالدۇرۇلماقتا.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)